شىنجاڭ گېزىتى
新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى
2020 - يىل 11 - ئاي
19
پەيشەنبە
维吾尔文 11 月19日
شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65－0002/－W
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25250 - سان بۈگۈن 4 بەت

شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ مۇھىم ماقالىسى شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈشكە يېتەكلەيدۇ

□ **شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى**

تارىخنىڭ چاقى 2020 - يىلغا كەلگەندە، مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاچقۇچلۇق مۇساپىسىگە قەدەم قويغان جۇڭگودا، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ۋەزىپىسىنىڭ ئېغىرلىقى مىسلىسىز بولدى، زىددىيەت، خەۋپ - خەتەر ۋە خىرىسنىڭ كۆپلۈكى مىسلىسىز بولدى، خەلق ئاممىسىنىڭ قانۇنچىللىققا بولغان ئارزۇسى ۋە تەلىپىنىڭ يۇقىرىلىقى مىسلىسىز بولدى.

دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىش دۆلەت ئىدارە قىلىشتىكى بىر مەيدان چوڭقۇر ئۆزگىرىش، جەزمەن ئىلمىي نەزەرىيەنى يېتەكچى قىلىپ، نېمە ئۈچۈن دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانداق قىلىپ دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت بۇ مۇھىم، زور دەۋر تېمىسىغا نەزەرىيە جەھەتتىن جاۋاب بېرىش كېرەك.

11 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە، پارتىيە تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئېچىلغان مەركەزنىڭ دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى يىغىنىدا شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى قىلىش ئايدىڭلاشتۇرۇلدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شى جىنپىڭ ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنداق تەكىتلىدى

تېخىمۇ كۆپ پېشقەدەم يولداشلارنىڭ ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمىتىگە قاتنىشىشىغا مەدەت بېرىپ، سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش كېرەك

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تېلېگراممىسى جۇڭگو ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمىتى كومىتېتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى خاتىرىلەش ھەم مەملىكەتلىك ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمىتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئېچىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ مۇھىم يوليورۇق بەردى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن تەقدىرلەنگەن ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى قىزغىن تەبرىكلىدى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان پېشقەدەم يولداشلار ۋە ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمىتى كومىتېتىدىكى كادىرلارغا سەمىمىي سالام يوللىدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ياشلار، ئۆسمۈرلەر ۋەتەننىڭ كەلگۈسى ۋە مىللەتنىڭ ئۈمىدى. جۇڭگو ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمىتى كومىتېتى قۇرۇلغان 30 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، كەڭ پېشقەدەم كادىرلار، پېشقەدەم جەڭچىلەر، پېشقەدەم مۇتەخەسسىسلەر، پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلار، پېشقەدەم نەمۇنىچىلار قاتارلىق دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان پېشقەدەم يولداشلارنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

چېن چۈەنگو سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، ئالاقىدار تەرەپلەردىن ئاپتونوم رايوننىڭ «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلانى تۈزۈش خىزمىتى توغرىسىدا پىكىر - تەكلىپ ئالدى

كۆپنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئىشقا سېلىپ، ئاۋامنىڭ ئەقىل - پاراستىنى مۇجەسسەملەپ، يىرىك پىلاننى ئىلمىي ياخشى تۈزۈپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭنى تىرىشىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك

لى پېڭشىن قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 - قېتىملىق مەركىزىي شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى تۈزۈش خىزمىتى توغرىسىدا دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى، پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلار ۋە مۇتەخەسسىس - ئالىملار، كارخانىچىلار ۋەكىللىرى قاتارلىق ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ پىكىر ۋە تەكلىپلىرى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى پېڭشىن سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

سۆھبەت يىغىنىدا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، جۇڭگو دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇدىر ئەزاسى دۇڭ شىنگۋاڭ، شىنجاڭ سەنباۋ ئوقەتچىلىك گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى، قوشۇمچە باش دىرېكتورى كاڭ خېپىڭ، شىنجاڭ چيۇەن تيەنشى بوغالتېرلار ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ باش دىرېكتورى جۈرئەت قۇربان، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى شىنجاڭ شۆبە ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىيە باشلىقى شياۋ ۋېنجياۋ، شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد داشۆسىنىڭ مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى گاۋ جىگاڭ، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى گۈلنار ئوبۇل، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش پەن - مائارىپ - سەھىيە - تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئەنسار سەمەر، جۇڭگو دېموكراتىيە ئىتتىپاقى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇدىر ئەزاسى چېن چى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي ماڭايلى

—— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەزنىڭ دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ **خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى**

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئەمەلىيىتى بىر قەدەم ئالغا سىلجىتىلسا، قانۇنچىللىق قۇرۇلۇشىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بىر قەدەم ئىلگىرىلىشى كېرەك.

يېقىندا، مەركەزنىڭ دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى، باش شۇجى شى جىنپىڭ يىغىندا مۇھىم سۆز قىلىپ، پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى قانۇنچىللىق قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك خۇلاسىلىدى، يېڭى دەۋردە دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر شەرھلىدى، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى سىستېمىلىق بايان قىلدى، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق قۇرۇلۇشىدىكى بىر قاتار مۇھىم، زور نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت مەسىلىلىرىگە ئىلمىي جاۋاب بەردى، ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتىنى ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىدە ۋەزىيەت ئومۇمىيۈزلۈك ئىگىلەنگەن، نەزەر دائىرىسى چوڭ ۋە كەڭ، ماھىيەتلىك مەزمۇنى مول، ئىدىيەسى چوڭقۇر، ئۇنىڭدا چوڭقۇر ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر، روشەن سىياسىي يۆنىلىش، كۈچلۈك تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىق، سەممىي خەلقچىل ھېسسىيات نامايان قىلىنغان بولۇپ، يېڭى دەۋردە دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىشتىكى پروگراممىلىق خاراكتېرلىك ھۆججەت.

پارتىيەمىز ئەزەلدىن قانۇنچىللىق قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى ھەم ئۇنى «تۆت ئومۇمىيۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىغا كىرگۈزۈپ كۈچلۈك ئالغا سىلجىتتى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي قانۇن ساھەسىدىكىلەر باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەزنىڭ دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىپ مۇنداق بىلدۈردى ——

يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى يازىمىز

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز**

11 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە، مەركەزنىڭ دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يىغىندا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي قانۇن ساھەسىدىكىلەر ئارىسىدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى. كۆپچىلىك بىردەك مۇنۇلارنى بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىدە ۋەزىيەت ئومۇمىيۈزلۈك ئىگىلەنگەن، نەزەر دائىرىسى چوڭ ۋە كەڭ، ماھىيەتلىك مەزمۇنى مول، ئىدىيەسى چوڭقۇر بولۇپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق ئىدىيەسى سىستېمىلىق شەرھلەنگەن، ئۇ، يېڭى دەۋردىكى دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ تۈپ مىزانى ۋە ھەرىكەت كۆرسەتمىسى. قانۇنچىللىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى شىنجاڭنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىپ، قانۇنچىللىق يولىدا جەمئىيەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىپ، يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى پۈتۈش ئۈچۈن كۈچ قوشىمىز.

«پارتىيە رەھبەرلىكى سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىقنىڭ ئەڭ تۈپ كاپالىتى، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىقنىڭ روھى. شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتا، پارتىيە رەھبەرلىكىنى قانۇنچىل جۇڭگو قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتكۈل جەريانى ۋە ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.» ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى سىياسىي قانۇن كومىتېتى قانۇنچىللىق باشقارمىسى (ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئەدلىيە تۈزۈلمە ئىسلاھاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى)نىڭ باشقارما باشلىقى ئەسقەر ھېمىت مۇنداق بىلدۈردى: سىياسىي قانۇن كادىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

جەنۇبىي شىنجاڭ رايون تېببىي داۋالاش مەركىزى قۇرۇلۇشى تۈردە ئىش باشلاندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لى چۈنشيا خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، جەنۇبىي شىنجاڭ رايون تېببىي داۋالاش مەركىزى قۇرۇلۇشى تۈردە كوناشەھەر ناھىيەسىدە ئىش باشلاندى.

جەنۇبىي شىنجاڭ رايون تېببىي داۋالاش مەركىزى قۇرۇلۇشى تۈرىنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى تەخمىنەن 600 مو، پىلانلانغان قۇرۇلۇش كۆلىمى تەخمىنەن 160 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر دوختۇرخانا رايونى، ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانا رايونى، ئۆپكە كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر تۇرمۇش رايونىدىن ئىبارەت تۆت چوڭ فۇنكسىيەلىك رايون تەسىس قىلىنغان، جەمئىي كارىۋات سانى 1300. تۈرنى ھۆددىگە ئالغۇچى تەرەپ قەشقەر گۇاڭجيەن گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى ساۋ ۋېيدۇڭنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)



توقۇمىچىلىق كارخانىلىرى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى

11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، قۇتۇبى ناھىيەسىنىڭ ۋۇگوڭتەي بازىرىغا جايلاشقان شىنجاڭ يۇخۇا توقۇمىچىلىق پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسى ئىشلەپچىقىرىش سېخىدا ئىشلىمەكتە. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇ ناھىيە پاختا بايلىقىغا تايىنىپ، شىمالىي شىنجاڭ رايونىدىكى مۇھىم توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كەسىپلەر بازىسىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن بەرپا قىلدى. □ تاۋ ۋېيمىڭ فوتوسى

بورتالا ئوبلاستى:

گۈزەل يۇرت - ماكانىنى ئورتاق قۇرۇپ، ئورتاق ئىدارە قىلىپ، ئورتاق بەھرىلەنمەكتە

5 - ئومۇمىي يىغىن روھى ئاساسىي قاتلامدا

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز لياڭ لىخۇا، جېن شىشىن، دوۋ شىڭجۈن**

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى «فېڭچياۋ تەجرىبىسى»نى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنى ئاساسىي قاتلام جەمئىيەت ئىدارە قىلىش يېڭى ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم تۇتقىسى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاممىۋى ئۆلىنى پۇختىلاش، ماجىرالارنى كۆپ مەنبەلىك ھەل قىلىش، ئىستىرېئولۇق ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، قانۇنچىللىق شەكلىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىش جەھەتتە سىجىل كۈچەپ، تىنچ - ئامان بورتالا ئوبلاستى قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇل تېشىنى ئۈزلۈكسىز پۇختىلاپ، گۈزەل يۇرت - ماكانىنى ئورتاق قۇرۇپ، ئورتاق ئىدارە قىلىپ، ئورتاق بەھرىلەنمەكتە.

ئارزۇ - تەلەپلەرنى قانۇن بويىچە ھەل قىلىش خەلق قەلبىنى چىن ھېسسىيات بىلەن ئىللىتىش

11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى سائەت 10دا، بورتالا شەھەرلىك بازار نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش بۆلۈمىنىڭ خىزمەتچىسى جۇڭ خۋانىڭ ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن قىلغان تۇنجى ئىشى كومپيۇتېرنى ئېچىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ 12315 سۇپىسىغا چىقىپ، بۈگۈن يەنە قايسى ئارزۇ - تەلەپلەرنىڭ بۇ يەرگە ئايرىپ بېرىلگەنلىكىگە قاراپ چىقىش بولدى.

«12315 سۇپىسى تەۋەلىك پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئىستېمالچىلارنىڭ ئەرزى ۋە پاش قىلىشىنى باشقۇرۇش تەۋەلىكىگە ئايرىپ بېرىدۇ.» جۇڭ خۋا مۇنداق دېدى: بىز ئىستېمالچىلارنىڭ ئارزۇ - تەلىپىنى ۋاقتىدا ئەرز تىزىملاش جەدۋىلىگە خاتىرىلەپ، ئاندىن ئالاقىدارلار بىلەن ئالاقىلىشىپ دېلو ئەھۋالىنى ئىگىلەيمىز. دەسلەپكى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، يەتتە كۈن ئىچىدە قوبۇل قىلىش - قىلماسلىقنى قارار قىلىمىز، قوبۇل قىلىنغان دېلونى جەزمەن 45 كۈن ئىچىدە بېجىرىپ بولۇش كېرەك.

«بۈگۈن ئۈچ ئەرز ۋە بىر پاش قىلىش بار ئىكەن.» جۇڭ خۋا ئۇچۇرنى خاتىرىلىۋالدى.

گەپ ئارىلىقىدا، تېلېفون سايرىدى، بۇ، ئەرز قىلىنغان ئوبيېكتتىن كەلگەن تېلېفون بولۇپ، جۇڭ خۋا ئۇنىڭ بىلەن چۈشتىن كېيىن ئىشخانىدا كۆرۈشۈشكە كېلىشتى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)